# ئاللاھغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن، ئاللاھغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى خوشنىسىنى ئىكرام قىلسۇن، ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشى مېھمىنىغا ئىززەت قىلسۇن».

[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام، ئاللاھغا ۋە ئۆزىنىڭ بارىدىغان جايى بولغان ئاخىرەت كۈنىگە، ئۇ كۈندە ئەمىلىگە يارىشا بېرىلىدىغان جازا-مۇكاپاتقا ئىشەنگەن كىشىنىڭ ئىمانى تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى: بىرىنچى: چىرايلىق سۆز: تەسبىھ، تەھلىل، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن چەكلەش، كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىقلار، بۇنداق قىلالمىغان كىشى تىلىنى ساقلاپ، باشقىلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن قول يىغىپ سۈكۈت قىلىشى لازىم. ئىككىنچى: خوشنىغا ئىكرام قىلىش، ياخشىلىق قىلىش، ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك. ئۈچىنچى: زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مېھماننى چىرايلىق سۆز ۋە ئېسىل تائاملار بىلەن ياخشى كۈتىۋېلىش قاتارلىقلار.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/5437